# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
30
شەنبە
维吾尔文 5 月30日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25077 - سان بۈگۈن 8 بەت


### يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى توغرىسىدا

# شى جىنپىڭ بىلەن پېرۇ زۇڭتۇڭى ۋىزكاررا ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن پېرۇ زۇڭتۇڭى ۋىزكاررا ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن پېرۇدا يۇقۇمنىڭ تارقىلىپ يامرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم پېرۇ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىمىي ھال سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پېرۇ تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو تەرەپ پېرۇغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 20 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

# ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئىبلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «ھەقىقىي تۈردە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويايلى» تېمىسىدا 20 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئاساسنى پۈختىلايدىغان، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، يىراق كەلگۈسىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇل خاراكتېرلىك قانۇن، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، دۆلىتىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن پارتىيە ھەقىقىي تۈردە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى ھەق تەلەپ قانۇنى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى مەمۇرىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى يولداش خۋاڭ ۋېي بۇ مەسىلە توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى «قانۇن دەستۇرى» نامى بىلەن ئاتالغان قانۇن، يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم، زور نەتىجە. بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئىبلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشقا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە، پارتىيەمىز ھەق تەلەپ قانۇنىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ سودا ئىشلىرى جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قەدەممۇ ئۈزۈلۈكسىز تېزلىتىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ زور بىر تۈركۈم ھەق تەلەپ، سودا ئىشلىرى قانۇنلىرى تۈزۈلۈپ ياكى ئۆزگەرتىلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تۈزۈشكە ئاساس سېلىندى، تەجرىبە توپلاندى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تۈزۈشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدۇق. پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ جاۋاب خەت قايتۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى رىغبەتلەندۈردى

## ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا كۆچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، دۆلىتىمىزنى دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇڭلار

### جاۋاب خەت

**يۈەن لۇپېڭ، جۇڭ نەنشەن، بى يىپېيجۈن قاتارلىق 25 يولداش:**

ياخشىمۇ سىلەر، خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. كۆپچىلىكنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش تەپەككۇرى ۋە ئەمەلىيىتى يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىزدىكى كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى ئىرادە باغلاش ھېسسىياتىنى نامايان قىلدى. «مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى كۈنى» يېتىپ كەلگەن پەيتتە، مەن سىلەرگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە سەممىمىي سالام يوللايمەن!

يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، پەن - تېخنىكا قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى كۈچلۈك قورال. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كىلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش - داۋالاش، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ماددىي كاپالەت، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىنى پەن - تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا كۆچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، دۆلىتىمىزنى دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

(**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى**)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - قېتىملىق «مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى كۈنى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**باش شۇجىغا دوكلات · 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى ئالتە يىل**

# باش نىشان بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش

**تەھرىر ئىزاھاتى**

**2014 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ بېكىتتى. ئالتە يىلدىن بۇيان، تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرى تاپشۇرۇقنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى تىرىشىپ يازدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «باش شۇجىغا دوكلات · 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى ئالتە يىل» مەخسۇس ئىستونى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ باش شۇجى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىش، قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەرنى جانلىق نامايان قىلىدۇ.**

**☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ**

كەچ كىرىشى بىلەن خوتەن كەچلىك بازىرى يەنە قىزىپ كەتتى.

سارغىيىپ پىشقان يۇلغۇن كاۋاپ، قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان تاتلىق زۇگزا، چوغدا پىشۇرۇلغان مەززىلىك تۇخۇم قاتارلىق ھەر خىل مەززىلىك تائاملار جاي - جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى جەلپ قىلدى، ئۇلار بۇ ئارامبەخش «كېچىلىك ئاشخانا»غا بەس - بەستە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملار بىلەن ئىشتىھاسىنى قاندۇرۇپ، كۆڭۈللۈك گۈزەل كېچىلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولدى. بۇ 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى خوتەن كەچلىك بازىرىنىڭ مەنزىرىسى.

…

ئىناقلىق، گۈزەللىككە تولغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئارقىسىغا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدە يىراقنى كۆزلىگەنلىكى مۇجەسسەملەنگەن. «ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى». 2014 - يىلى 5 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

نىشان يۆنىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، نىشان كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ. ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي - تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشتى.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

## —— 2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا بېرىلگەن

### گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ

**ۋەكىللەر:**

ھازىر مەن گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى ھەمدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىز دۇچ كەلگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئەڭ قىيىن بولغان تاسادىپىي يۈز بەرگەن زور ئاممىۋى ساغلاملىق ۋەقەسى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە تەرەپنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە قۇربان بېرىشى ئارقىسىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىر يۇقۇم ئەھۋالى تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، تەرەققىيات ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن مۈشكۈل. يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز كېرەك.

### 1. 2019 - يىللىق ۋە بۇ يىل كىرگەندىن بۇيانقى خىزمەتلەرگە نەزەر

بۇلتۇر دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، خەلقئارا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشى كەسكىنلەشتى، ئىچكى ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورىيىپ كەتتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، پۈتۈن يىللىق ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئاساس سالدى.

— ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 99 تىرىليون 100 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 6.1% ئاشتى. شەھەر - بازارلاردا 13 مىليون 520 مىڭ ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 5.3%تىن تۆۋەن بولدى. ئاھالە ئىستېمال باھاسى 2.9% ئۆرلىدى. خەلقئارا كىرىم - چىقىم ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى.

— ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە رايونلارنىڭ جايلىشىشى داۋاملىق ياخشىلاندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 40 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى، ئىستېمال ئاساسلىق تۈرتكىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى. ئىلغار ياسىمىچىلىق، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك بىرقەدەر تېز يۈكسەلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 تىرىليون 330 مىليارد جىڭ بولدى. دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى تۇنجى قېتىم 60%تىن ئاشتى، مۇھىم رايون ئىستراتېگىيەلىرى چوڭقۇر يولغا قويۇلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

### ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ داشۆ بىلەن ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى

# يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتى ئورتاق ئالغا سىلجىتىلىدۇ

### شۆھرەت زاكىر، چيۇ شۈيىڭ، خاۋ پىڭ قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ داشۆ بىلەن يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى خىزمىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)